# يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات خىزمىتىنىڭ يەنىمۇ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ يەنىمۇ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي، كەسكىن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، ئىسلاھات جاسارىتىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ياراتقان پايدىلىق شارائىتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، ئاپپاراتلارنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تەڭشەپ ئەلالاشتۇرۇشنى تۈزۈم ـ مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئاساسىي مەسئۇلىيەت، ئاساسىي كەسىپكە مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتا، ئاچقۇچنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاپپارات ئىسلاھاتىدا «خىمىيەلىك رېئاكسىيە»نى ھەقىقىي پەيدا قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، داۋاملىق قاتتىق جەڭ قىلىپ، قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك ياندىش ئىسلاھاتلارنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئىسلاھات مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىسلاھات ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى تىرىشىپ يارىتىش كېرەك. مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئىسلاھات خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ناھىيە، باشلامچى تارماقلار ۋە قاتناشقان تارماقلار، سۇبيېكتلىق ئىسلاھات ۋە ياندىش ئىسلاھات، ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى ئالغا سىلجىتىش ۋە ئاپپارات فۇنكسىيەسىنى تەڭشەشنىڭ ياندىشا بىرلەشمە ھەرىكەتلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنىڭ سىستېمىلىقلىقى، بىر پۈتۈنلۈكى، ماسلىششچانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، باش نىشان ئارقىلىق ئاپپارات ئىسلاھاتىغا بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىش، ئاپپارات ئىسلاھاتى ئارقىلىق باش نىشانغا مۇلازىمەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەڭ قەدەمدە ئالغا سىلجىتىپ، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىق ۋە ئىسلاھات پايدىسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە تارقىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپارات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى.

# ھەرقايسى مىللەتلەر گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتايلى

(بېشى 3 ـ بەتتە)

گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇش، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشتا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك. يىغىندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى: پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي مېڭىش كېرەك؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۆرەش نىشانى قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيە ۋە زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى يۇرت ـ ماكانىنى قۇرۇش كېرەك؛ جۇڭخۇا مىللىتى بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ مىللەتلەر ئىشلىرىنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىپ، پۇقرالارنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇ بەش تەلەپ ناھايىتى كۈچلۈك ئىدىيەۋىلىككە، قاراتمىلىققا، يېتەكچىلىككە ئىگە. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىي ماھىيىتى ۋە مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر ئىگىلەپ، يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى كېرەك.

گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇش، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشتا، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، پەقەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزملا ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۇيۇشتۇرالايدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى گۈللەندۈرەلەيدۇ. بىز ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەننى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشىمىز؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەر مىللەت خەلقىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپ يەتكۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشىمىز؛ سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بەلگىسى ۋە جۇڭخۇا مىللىتى ئوبرازىنى تۇرغۇزۇپ ۋە گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشىنى كۈچەيتىشىمىز؛ دۆلىتىمىز مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ تارقىلىش ئەندىزىسى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىش ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، ئۆزئارا گىرەلەشكەن جەمئىيەت قۇرۇلمىسى بەرپا قىلىشقا پايدىلىق سىياسەت ـ تەدبىر ۋە تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كۆچمە ئاھالىلىرى مۇلازىمەت ـ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇشىمىز؛ مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر خىزمىتى قانۇن ـ نىزام سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

جۇڭگو ئارزۇسى خەلقنىڭ ئارزۇسى، 56 مىللەتنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق ئۆتۈشى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى مۇقەررەر ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش، جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملىگەندىلا، بىز جەزمەن يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەردە ياخشى مېڭىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تېخىمۇ شانلىق كېلەچىكىنى يارىتالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» نىشان ئۆلچىمىنى زىچ چۆرىدەپ ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

(بېشى 3 ـ بەتتە)

قايتا نامراتلىشىش ۋە يېڭى نامرات ئاھالە پەيدا بولۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش كېرەك. مەبلەغنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەبلەغ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەبلەغ تەقسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، مەبلەغنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرلىرىنى چۆرىدەپ دەل جايىدا ئىشلىتىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەربىر پۇڭ پۇلنىڭمۇ دەل جايىدا ئىشلىتىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك مەسىلىسىگە قارىتا، بىرى بايقالسا بىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈپ، ھەرگىز مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. كۈچنى بىرتۇتاش پىلانلاشقا يەنىمۇ كۈچەپ، ئاپتونوم رايون باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، شەھەر، ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇش، قاتلاممۇقاتلام بېسىم يەتكۈزۈش، قاتلاممۇقاتلام مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىشتا چىڭ تۇرۇش؛ «تۆت بىر گەۋدىلەشكەن» نامراتلارنى يۆلەش چوڭ ئەندىزىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، بازارنى، جەمئىيەتنى ماسلىشىپ كۈچەشكە يېتەكلەپ، پۈتۈن جەمئىيەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كەڭ قاتنىشىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. زىچ بىرلەشتۈرۈشكە يەنىمۇ كۈچەپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا ياخشى مۇھىت يارىتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەت مۇقىملىقىنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 3 ـ بەتتە)

يىغىندا 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 13 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ 26 ـ قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە ـ ئىقتىساد خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى چوڭ دەرسخانىسى»نى قۇرۇش توغرىسىدىكى خىزمەت قاتارلىقلار تەتقىق قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىدىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەرنى ئۆلگە قىلىپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، جاسارەتلىك بولۇپ نەتىجە يارىتىشى كېرەك. دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ ئۆلگىلىك ئىش ئىزلىرىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقىلىشىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ئۆلگىلەرنىڭ كۈچىنى ۋەتەننى سۆيۈش، كۈرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، تۆھپە قوشۇپ ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش يېڭى دەۋردىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە ـ ئىقتىساد خىزمىتى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە ـ ئىقتىساد خىزمىتىدىكى ياخشى تەجرىبىلىرى، ياخشى ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىپ، ئۈلگە قىلىپ، شۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەر، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، نىزام چىقىرىشنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، چىقىرىش، تۈزىتىش، بىكار قىلىش، ئىزاھلاشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي نىزام چىقىرىش، دېموكراتىك نىزام چىقىرىش، قانۇن بويىچە نىزام چىقىرىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي ساھەلەرگە دائىر نىزام چىقىرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ مەسىلە يۆنىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى زىچ چۆرىدەپ، توغرا نازارەت قىلىش، ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەت شەكلى، ئۇسۇلىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، مەخسۇس خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى ئۇنىۋېرسال قوللىنىپ، خىزمەتنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى ۋە كۆڭۈل بۆلدى، ئىككى يىل تەربىيەلەش، ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسى خېلى زور دەرىجىدە ئۆستى. «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى نەتىجىلىرىنى يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى چوڭ دەرسخانىسى» قۇرۇپ، ۋەكىللەرنى تەربىيەلەش مەزمۇنىنى بېيىتىپ، تىرىشىپ ئەخلاقلىق ھەم ئىختىساسلىق، ۋەكىللىك خاراكتېرى كۈچلۈك، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش سەۋىيەسى يۇقىرى بولغان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قوشۇنى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

(بېشى 3 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئەمەلىي ئىشلارنى ياخشى قىلىشنى تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم ۋاستە ۋە ئۈنۈملۈك تۇتقا قىلىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆتكەلگە مەركەزلىك ھۇجۇم قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، تېخىمۇ كاپالەتلەندۈرۈپ، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى ئىكەنلىكىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى سىجىل، چوڭقۇر، ياخشى قانات يايدۇرۇپ، «ئۈچكە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» پائالىيىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق سۆزلەرنى كۆپرەك قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز سۆزلەرنى قەتئىي قىلماسلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ھەممە كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، غىزالىنىش، قونۇش، يول يۈرۈش، ساياھەت قىلىش، مال سېتىۋېلىش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق مۇھىم ئامىللارنى چۆرىدەپ، ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ساياھەت ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ساياھەت ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى كۈچەپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساياھەت كەسپى ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، پۈتۈن رايون ساياھىتى ۋە «ساياھەت+»نى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، كەسىپ كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، سۈپەت ـ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ساياھەت كەسپىنىڭ تۈرتكىسى كۈچلۈك بولۇش، بازار يوشۇرۇن كۈچى زور بولۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشى كۆپ بولۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ساياھەت كەسپىنى خەلقنى بېيىتىپ ناھىيەنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان كەسىپكە ھەقىقىي ئايلاندۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، چىن كۆڭۈل، سەممىمىي نىيەت بىلەن ئاممىغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، قىيىن ئىشلارنى ھەل قىلىپ بېرىپ، ھەقىقىي تۈردە تەرەققىياتنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، شۇ جايغا نەپ يەتكۈزۈش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. دىققەتنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت، تۇرالغۇ قاتارلىق ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ خاتىرجەم ياشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، جى جېڭ، رىبىن خۋا، مەڭلىك سىيىت، ياڭ يۈ يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 3 ـ بەتتە)

مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىش، ياخشى ئۆزلەشتۈرۈش، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش، سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان ھەرقايسى ئورۇنلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ئەزالار، سىياسىي كېڭەش ئورگىنىدىكى بارلىق كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىسى. سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا تېز بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ بۇرچ ـ ۋەزىپىسى، ئومۇمىي تەلىپى، كۈچەش نۇقتىسىنى توغرا ئىگىلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە قويغان تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەيدىغان سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي زىممىگە ئېلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي كېڭەش ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئۈزلۈكسىز يېزىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ خەلق سىياسىي كېڭىشىگە رەھبەرلىك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى قىلىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىك قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەش كېرەك. كېڭىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەندىزىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەش كېرەك. قوش يۆنىلىشلىك كۈچەش تەرتىپى ۋە مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشنىڭ ئورتاق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساسىنى پۇختىلاپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەشتە تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەش كېرەك. سىياسىي كېڭەش خىزمىتى تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، خەلق سىياسىي كېڭىشى تۈزۈمىنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئەزالارنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتە تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى كۈچەيتىش، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىشتىكى ئىلمىي تەپەككۇر يولىغا ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىرگە ئايلاندۇرۇپ، مەركەزنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشى كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ناھىيە، شەھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارغىچە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇرئەت ئىمىن، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، مۇئاۋىن رەئىسلەر مۇتەللىپ ئوبۇل، ئىلھام سابىر، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى، مۇئاۋىن رەئىس ماغاۋ سىيىتقامزا يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، مۇئاۋىن رەئىسلەر دۇ ۋەنگۈي، چيۇ شۇخۋا شۆبە يىغىن مەيدانلىرىدا يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)